يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى 50 يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش «جەڭچى»سى پارتىيەگە كىردى

پۈتۈن تارانتۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: «مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردىم، پارتىيە پروگراممىسىنى ھىمايە قىلىمەن، پارتىيە نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىمەن...» 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت 12دە، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان 50 يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش «جەڭچى»سى ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا، پارتىيە بايرىقىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئوڭ مۇشتىنى كۆتۈرۈپ تەنتەنىلىك قەسەم بېرىپ، شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىردى.

كۆز ئالدىدا قىپقىزىل پارتىيە بايرىقى، ئۈچىسىدا قېلىن مۇداپىئە كىيىمى. «90 - يىللاردا» تۇغۇلغان سېسترا گو يۈتىڭ 1 - بىنا 5 - ئاغرىقلار رايونىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئاغرىقلار رايونىدا: «يۇقۇم ئاخىرلاشمىسا، مەن چېكىنمەيمەن، يۇقۇمغا قارشى جەڭدە غەلىبە قىلمىغۇچە جەڭدىن قايتمايمەن» دەپ قەسەم بەردى. گو يۈتىڭ ئالدىنقى قېتىم شىنجاڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى ئىدى، ئۈرۈمچىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، ئاغرىقلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى.

«يۇقۇم ۋەزىيىتى كەسكىن، مۇرەككەپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش ۋەزىپىسى مۈشكۈل، ئېغىر بولغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن داۋالاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش دەل كوممۇنىستلارنىڭ شەخسىيەتسىزلىكى ۋە قورقماسلىقىنىڭ ئىپادىسى.» ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىسى ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، دوختۇرخانا باشلىقى يۈ ئەيپىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ 50 يولداش دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى ئىپادىسى گەۋدىلىك بولدى ھەم پارتىيە تەشكىلاتىغا ئاكتىپ يېقىنلاشتى، دوختۇرخانا ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتى يىغىندا تەتقىق قىلىش ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، بۇ 50 يولداشنى كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش قارار قىلىندى.



8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 1 - بىنا 5 - ئاغرىقلار رايونىدا، دوختۇر پېيىڭ جېن (ئوڭدىن 2 - كىشى) ۋە سېسترا گو يۈتىڭ سىنلىق ئالاقىلىشىش ئارقىلىق پارتىيەگە كىرىش قەسىمى بەرمەكتە.

□ پۈتۈن تارانتۇ مۇخبىرىمىز شىي لۇڭ فوتوسى

ئۈرۈمچىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 33 داۋالاش ئەترىتى، 2023 كىشىنى توپلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنى قۇرۇپ، گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى مەركەزلىك قوبۇل قىلىپ داۋالاپ، داۋالاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت ئەمۈنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا كىلىنىكا، تېببىي تېخنىكا ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىدىن 26نى، مەمۇرىيەت ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىدىن يەتتىنى، داۋالاش خادىملىرى تۇرۇشلۇق جاي مېھمانخانا مۇلازىمەت كاپالىتى ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىدىن 18نى قۇردى ھەم پارتىيە گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى.

بېكىتىلگەن دوختۇرخانا 4 - بىنا 12 - ئاغرىقلار رايونىدىكى كادىدات مۇدىر ۋىراچ لو شياۋمېي مۇنداق دېدى: يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدە ئۆزۈمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم — شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردىم، بۇ مېنىڭ غايە - ئېتىقادىمنى تېخىمۇ چىڭىتتى. مەن بۇنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىپ، ھاياتلىقنى قوغداپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق پارتىيە تەشكىلاتىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرىمەن.

«يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە پارتىيەگە كىرىشىم تەستىقلاندى، ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىۋاتىمەن.» قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىدىن بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا كېلىپ داۋالاش - قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىۋاتقان ICU سېستراسى گۈلىستان ئەمەتجان مۇنداق دېدى: ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچىنى زىممىمىزگە ئېلىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەل ئالۋاستىسىغا قارشى كۈرەش قىلىمىز، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىز بار.

«يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپى كوممۇنىستلارنى سىنايدىغان بىلەي تاش، سىنتاش، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا ئاندىن ئىستىلىنى سىنىغىلى، ئىستىلنى تاۋلىغىلى، ئىستىلنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدىكى تېخىمۇ كۆپ خادىملارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىغا ئاكتىپ يېقىنلىشىپ، كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە باشتىن - ئاخىر ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى يۈ ئەيپىڭ.

ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرى:

# قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىمىز

□ پۈتۈن تارانتۇ مۇخبىرلىرىمىز يۈ شى، سۇ لۈپىڭ، ۋېي خۇڭپىڭ، جاۋ يۈ

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ھەممە ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك، ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.

ھازىر يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرى ئۆيدە تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش ئىشەنچىنى ئاجىزلاشتۇرماي، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ ۋە ھەمكارلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ قەتئىي غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

## ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ بەك تەسىرلەندۇق

«بىز ئۆيدە ئارام ئېلىۋاتىمىز، مەھەللە خىزمەتچىلىرى پېژغىرىم ئىسسىققا قارىماي بىزگە مۇلازىمەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، تەرگە چۆمۈلۈپ نەرسە - كېرەك ئەكېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، تېمپېراتۇرا ئۆلچەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قانداقمۇ تەسىرلەنمەي تۇرالايمىز؟» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونى لۇڭشېڭ كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى لۇڭشېڭ كوچىسى شىمالىي مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى ما چىڭ 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

ئۆيدە تۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر كۈنى بىنا ۋېيشىن توپىدا مال سېتىۋېلىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىلسىلا، ما چىڭ دەرھال زاكاز قىلىپ، ئېسىگە كەلگەنلىكى نەرسىنى سېتىۋالغانىدى.

ما چىڭ مۇنداق دېدى: كېيىن مەھەللىدىكى كۆكتات بىۋاستە سېتىش نۇقتىسى ۋە تاللا بازارلىرىدا تاۋارلارنىڭ مولluqى، مەھەللە پىدائىيلىرى ئارقىلىق سېتىۋېلىشنىڭ ئىنتايىن قولايلىق ئىكەنلىكى، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسەن ئۆيىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى بويىچە زاكاز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

مەھەللە ھەممىلا ئىشتا ئاھالىلەرنىڭ غېمىنى يېدى، ئاھالىلەر بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بەك تەسىرلەندى، شۇنداقلا ئەمەلىيەتتە مەھەللە خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللىدى، ھەمكارلاشتى. ئۆيدە تۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مەھەللە ۋېيشىن توپىدا ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ نوپۇس ئۇچۇرىنى مەلۇم قىلىشنى ئۇقتۇرغاندا، ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرغانلار كۆپ بولمىدى؛ ھازىر، مەھەللە ئۇقتۇرۇش قىلسىلا، ئاھالىلەر ھەمىشە شۇ ھامان جاۋاب قايتۇرىدۇ. بولۇپمۇ ھەر كۈنى تېمپېراتۇرا ئۆلچەش ۋاقتى بولغاندا، ئاھالىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىكى تۈۋىدە ساقلاپ تۇرىدۇ، مەھەللە كادىرلىرى ۋە پىدائىيلار كېلىشى بىلەنلا، ئاھالىلەر دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ تېزدىن ئۆلچىتىدۇ.

«ھەربىرىمىز مەھەللە خىزمىتىگە ئاكتىپ ھەمكارلاشساق، مەھەللە خىزمەتچىلىرى خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا ۋاقىت چىقىرىپ ئارام ئالالايدۇ. كۆپچىلىك پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىسا، بىز يۇقۇم ئۈستىدىن تېخىمۇ تېز غەلىبە قىلالايمىز.» ما چىڭ مۇنداق دېدى: كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر، ئاھالىلەر ھازىر ئاكتىپ، ئۈمىدۋار پوزىتسىيە بىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، بىرلىكتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ.

## كەسپىي جەھەتتىن بېسىمنى يېنىكلىتىپ، ئىشەنچ تارقاتتى

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ناشتىدىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى ياڭزىجياڭ يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى چىڭسۇيۈەن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى چېن خۇي يان تېلېفوندا ساقلىۋالغان مۇزىكىنى قويۇپ، بېسىمنى ئازايتىش گىمناستىكىسى ئوينىدى. «بۇنى بىزگە روشەن مۇئەللىم ئۆگەتكەن. ئىزچىل ئۆيدە تۇرۇۋەرسە ئادەمنىڭ ئىچى تىتىلداپ كېتىدىكەن، گىمناستىكا ئوينىسا قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، كەيپىياتمۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن».

ئاھالىلەرنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن پەيدا بولغان پاسسىپ كەيپىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ كەسپىي زاتلار پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ، تور ئارقىلىق ئۈمىدۋار ياشايدىغان تۇرمۇش پوزىتسىيەسىنى تارقاتتى.

چېن خۇي تىلغا ئالغان «روشەن مۇئەللىم»نىڭ ئىسمى روشەنگۈل مەمەت بولۇپ، 2 - دەرىجىلىك پسىخىك مەسلىھەتچى، يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىزىملىتىپ مەھەللىدە پىدائىي بولدى. ئاھالىلەرنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ، بېسىمنى يېنىكلىتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، روشەنگۈل ئۇسسۇل ئويناپ بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، ۋىرۇسنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى خاراكتېرىدىكى بېسىمنى تۆۋەنلىتىش دەرسلىكىنى تۈزدى ھەمدە ۋېيشىن سىن كۆرۈنۈشى ئارقىلىق، ئاھالىلەرنى يۇقۇم مەزگىلىدە ئائىلە تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا يېتەكلىدى.

ھەربىر سائەتلىك مىكرو دەرس ئاران 40 مىنۇتلا بولسىمۇ، ئاھالىلەر كۆپ نەپكە ئېرىشتى. ھەرىكەت ئىشلەش، توغرا يۆنىلىشتە يېتەكلەش، كىتاب ئوقۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۇسسۇل ئويناپ بېسىمنى يېنىكلىتىش ئارقىلىق ئاھالىلەر بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماي، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىمۇ ئازادلىككە ئېرىشتى. «مېنىڭ كەسپىي بىلىمىمنىڭ كۆپچىلىككە تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشىنى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى تارقىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى روشەنگۈل.

## ھەممە ئادەم كۈچ قوشۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلىدى

«دادا، بۇ كۈنلەردە نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟» «قاراڭ، بىزنىڭ پىدائىيلار ‹قوماندانلىق باش ئىشتابى›مىزنى كۆرۈپ بېقىڭ!» 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، پىدائىي خې جىجيې قىزى بىلەن سىنلىق سۆزلەشتى.

خې جىجيې ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) نېفت يېڭى كەنتى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى خۇڭمياۋ مەھەللىسى پىدائىيلار كوللېكتىپىنىڭ يېتەكچىسى. ئۇنىڭ قىزىغا «ئېكسكۇرسىيە» قىلدۇرغىنى ئۆزى پىدائىيلار مۇلازىمىتى قىلىۋاتقان ئولتۇراق رايون دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇلخانا ئىدى.

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، خې جىجيې تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىپ مەھەللىگە ھەمكارلىشىپ، 200 نەپەرچە كىشىلىك پىدائىيلار كوللېكتىپى تەشكىللىدى. «يىل بېشىدىكى يۇقۇم مەزگىلىدە، بىز مەھەللىدە 30 نەپەرچە كىشىلىك پىدائىيلار كوللېكتىپى تەشكىللەپ، بەلگىلىك تەجرىبە توپلىغاندۇق. بۇ قېتىم قوبۇل قىلىش بۇيرۇقى چىقىرىلىشى بىلەن، نۇرغۇن ئاھالە ئاكتىپ تىزىملاتتى. ھازىر مەھەللىدە جەمئىي 240 پىدائىي بار، ئايرىم - ئايرىم تۆت ئولتۇراق رايوندا ئاھالىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىۋاتىدۇ» دېدى خې جىجيې.

«خۇڭمياۋ مەھەللىسىدە 2900 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق ئاھالە بار، پىدائىيلار كوللېكتىپىنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشى بولغاچقا، تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى ۋە پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى» دېدى خۇڭمياۋ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چياۋ ۋەنخۇڭ.

«ھەربىرىمىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئازراق كۈچ چىقارساق، يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلالايمىز» دېدى خې جىجيې.

(بېشى 1 - بەتتە)

تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆچۈپ، ئالاتاۋ شەھىرىگە ماكانلاشتى. ئۇ باشقۇرۇش - قوغداش خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېبىنۇر كۆلىنى داۋاملىق قوغدىدى.

ئېبىنۇر كۆلى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ تۇزلۇق كۆل، ئىلگىرى كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتەتتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زىيادە تارتىلىشى سەۋەبىدىن كۆل رايونىنىڭ مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە ناچارلىشىپ، كۆل يۈزى تارىيىپ ئەڭ كىچىك بولغاندا 362 كۋادرات كىلومېتىرلا قالغانىدى. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئېبىنۇر كۆلى ئەتراپى بىرمەھەل قۇم - بوراننىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 1 مىليارد 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 24 تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۈرىنى يولغا قويۇپ، ئېبىنۇر كۆلى ئېقىن رايونىنىڭ سۇ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇردى. بۇ ئاساسلىقى ئېبىنۇر كۆلى ئېقىن رايونى لىنىيە بويىدىكى يېزا - بازار، مەيدانلارنىڭ پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى، ئەخلەت تىندۇرۇش مەيدانى، پاسكىنا سۇدىن تەكرار پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى، دەريا تېگىدىكى لاي - لاتقىلارنى تازىلاش قۇرۇلۇشى، سۇلۇق يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى، دەريا سۇ مۇھىتىنى مەركەزلىك تۈزەش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2015 - يىلى، مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئېكولوگىيەلىك ئاھالە كۆچۈرۈش پىلانىنى قوزغىتىپ، ئېبىنۇر كۆلى بويىدا ئولتۇراقلاشقان 50 ئائىلىلىك چارۋىچىنى 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئالاتاۋ شەھىرىگە كۆچۈردى، تۆت ئائىلىلىكنى چۆچەك شەھىرىگە كۆچۈردى.

«كۆچكەندىن كېيىن، بالىلار يېقىن ئەتراپتا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدى، خوتۇنۇممۇ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ مۇھىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، كۆل سۈيى پاكىزلاندى، قۇم - بوران ئازايدى، ئۆسۈملۈكلەر كۆپەيدى، ياۋايى ھايۋانلارمۇ كۆپەيدى» دېدى بۇلبۇل كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ئېبىنۇر كۆلىنىڭ سۇ يۈزى كۆلىمى ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپ 600 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، ئەڭ چوڭ بولغاندا 805 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، كۆل يۈزى سۇلۇق يېرىمۇ 30 مىڭ مو كۆپەيدى. مۇھاپىزەت رايونى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ يېتىلىدىغان مۇنبەت تۇپراققا، قۇشلار ماكانلىشىدىغان گۈزەل جايغا، ياۋايى ھايۋانلار چېپىپ يۈرىدىغان شادلىق باغچىسىغا ئايلاندى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مۇھاپىزەت رايونىدا ھازىر 66 ئائىلىدىكى 281 ئۇرۇقداشقا تەۋە 579 تۈرلۈك ياۋا ئۆسۈملۈك بار ئىكەن؛ قۇش تۈرلىرى 2000 - يىلى مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 111 خىلدىن كۆپىيىپ 267 خىلغا يەتكەن، كۆزىتىلگەن قۇشلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليوندىن ئېشىپ، قۇشلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇھىم ماكانىغا ۋە ئۆتەڭگە ئايلانغان.

«بۈگۈنكى كۈندىكى ئېبىنۇر كۆلى ساھىلىدا ئۆسۈملۈكلەر بولۇق ئۆستى، ياۋايى ھايۋانلار بەس - بەستە قايتىپ كەلدى. كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلارمۇ سۇ، ئوتلاق قوغدىشىپ ياشايدىغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، زامانىۋى تۇرمۇشقا سىڭىشىپ كەتتى» دېدى مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ياۋ شۈيىن.



**يامغۇرغا قارىماي تەقسىملەپ يەتكۈزۈش**

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى لۈگۇ مەھەللىسىدىكى پارتىيەلىك پىدائىي ۋاڭ گاۋجيې (ئوڭدا) بىلەن پىدائىي يەن گاڭ (سولدا) يامغۇرغا قارىماي ئاھالىلەرگە كۆكتات تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

□ پۈتۈن تارانتۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)